## 9381 ـ قەبرىدىكى ھاياتنىڭ خاراكتېرى

### سۇئال

ئۆلگەن ئادەم قەبرىدە ھايات دېيىلسە ، ئۇ ئۇنىڭ ئىلگىركى ھاياتىغا ئوخشامدۇ ؟ ئۇنىڭ قانچە ئەزاسى ئۇنىڭغا قايتىپ كىلىدۇ ؟ ئۇ قەبرىسىدە قانچە ئۇزۇن ھايات تۇرىدۇ ؟ ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى سوراققا تارتىلسا ، ھىندىلار ، ياپونلار ، ۋە باشقىلارغا ئوخشاش جەسىتى كۆيدۈرلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ ؟ ئۇلارنى سوراق قىلىش قەيەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ دوختۇر ئوپېراتسىيە ئېلىپ بارغاندا ، ئۇ بىمارنىڭ تۇيغۇسىنى ناركوز دورىلىرى بىلەن يوق قىلىدۇ . ئەمدى بۇ ئۆلۈم توغرىسىدا ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى سورىماقچىمەن ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

ھەربىر ئەر ۋە ئايال مۇئمىننىڭ ئاللاھ كىتابىدا ، ياكى پەيغەمبىرىنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) تىلىدا ئۇلارغا خەۋەر قىلغان ئاخىرەت ، ھىسابات ، جەننەت ، دوزاخقا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۆلۈم ،قەبرە ، ئۇنىڭدىكى ئازاپ ۋە نىئمەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارغا مۇقەددەس قۇرئان ياكى پاك سۈننەتتە كەلگەن باشقا غەيبى نەرسىلەرگە ئىشەنمىگى لازىم . بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم . چۈنكى ، بىز بىلىمىزكى ، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ئېيتقان ۋە خەۋەر قىلغان بارلىق بارلىق نەرسىدە راستچىل . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىن راستراق كىمنىڭ سۆزى بار ؟ [ نىسا ( ئاياللار ) : 122 ] ، ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار ؟ [ نىسا ( ئايالالار ) : 87 ]

بىز بىلىمىزكى ، ئاللاھ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ راستچىل بولۇپ ، ئۇ ھەرگىز كۆڭۈل خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ ، ئۇ پەقەت ئۇنىڭغا ئىلھام قىلىنغان ۋەھيى . سەھىيە ھەدىيستە ئىسپاتلانغان ھەرقانداق نەرسە مەيلى بىز ئۇنى تولۇق چۈشەنمىسەكمۇ ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز لازىم . شۇڭلاشقا بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز _ ئاخىرەت ئىشلىرى ، جەننەت ، دوزاخ ، جەننەت كىشىلىرىنىڭ نازۇ-نىئمەتلىرى ، دوزاخ كىشىلىرىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ھەققىدە دېيىلگەن نەرسىلەرگە ، ھەمدە قەبرىدىكى كىشىنىڭ ئازاپلىنىشى ياكى نىئمەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ ئۇنىڭغا قايتىپ كىلىشىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئىشىنىش . بۇنىڭ ھەممىسى راست ۋە قۇرئان ، ھەدىيس تېكىستلىرىدە بايان قىلىنغان . شۇڭا بىز ئۇنىڭغا بويسۇنىشىمىز ھەمدە بىز قۇرئاندىن ئۈگەنگەن ، ياكى سەھىيە ھەدىيستە نەقىل قىلىنغان ياكى ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ھەر قانداق نەرسىگە ئىشىنىشىمىز لازىم .

ئاندىن ئەگەر ئاللاھ بىر مۇئمىن ئەر ياكى ئايالغا ئۇنىڭدىكى ھىكمەت ۋە سىرلارنى بىلدۈرۈش بىلەن مىننەت قىلسا ، ئۇنداقتا بۇ ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق ، نۇر ئۈستىگە نۇر ، بىلىم ئۈستىگە بىلىم . شۇڭا ئۇ ئاللاھنى مەدھىيلىسۇن ھەمدە ئۇ ئۇنىڭغا ئاتا

قىلغان بىلىم –مەرىپەت ، ۋە ئەقىل–پاراسەت ئۆچۈن تەشەككۈر ئېيتسۇن ، تاكى ئۇنىڭ بىلىمى ۋە خاتىرجەملىكى ئاشسۇن . قەبرىدىكى سوراققا تارتىش ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ، بۇ سۇئال–سوراق ھەقىقىي بولۇپ ، ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدۇ . ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان خەۋەرلەر سەھىيە بولۇپ ، مېيىتنىڭ قەبرىدىكى ھاياتى ئۇنىڭ بۇدۇنيادىكى ھاياتىغا ئوخشىمايدۇ . ئۇ بەرزەختىكى ئالاھىدە ھايات بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇدۇنيادىكى يىمەك–ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەرگە مۇھتاج بولىدىغان ھايات ئەمەس . بەلكى ئۇ سۇئال ۋە جاۋاپلارنى چۈشىنەلەيدىغان ئالاھىدە ھايات بولۇپ ، ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭدىن : پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نىمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم ؟ دەپ سۇئال سورايدۇ .

مۇئمىن بولسا :"پەرۋەردىگارىم ئاللاھ ، دىنىم ئىسلام ، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد" دەيدۇ ، ھەربىر مۇئمىن مۇشۇنداق جاۋاپ بىرىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭغا :"سەن بۇ كىشى ھەققىدە نىمىلەرنى بىلىسەن ؟ " دېيىلىدۇ ، ئۇ : " ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ، ئۇ بىزگە توغرا يولنى ئېلىپ كەلدى . بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق ۋە ئەگەشتۇق ." ئۇنىڭغا : " بىز سىنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتۇق ." دېيىلىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭغا جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ھەمدە ئۇ جەننەتنىڭ ئارامىنى ۋە نازۇ–نېمەتلىرىنى ھىس قىلىدۇ . ۋە دېيىلىدۇ : " مانا بۇ تاكى ئاللاھ سىنى ئۇنىڭغا تىرىلدۈرگىچە سىنىڭ ئورنۇڭ بولىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭغا دوزاختىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ . ئۇنىڭغا : " ئەگەر سەن ئاللاھنى ئىنكار قىلغان بولساڭ ، مۇشۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى ، بىراق ئاللاھ ئۇنىڭدىن سىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى ، سەن ئاخىرى جەننەتتە بولدۇڭ . " دېيىلىدۇ .

كاپىرغا نىسبەتەن ، ئۇنىڭدىن پەرۋەردىگارى ، دىنى ۋە پەيغەمبىرى توغرىسىدا سۇئال سورالسا ، ئۇ : " ھە! ھە! مەن بىلمەيمەن . مەن كىشىلەرنىڭ بىر نەرسە دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ، شۇنىڭغا ئوخشاش دىدىم . ئاندىن ئۇ بىر بازغان بىلەن ئۇرىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىرقىرايدۇ . ئۇنى ئىككى يوك ،يەنى ئىنسان ۋە جىندىن باشقا ھەممە نەرسە ئاڭلايدۇ ، ئۇنى ھايۋانلارمۇ ئاڭلايدۇ .ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاختا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ، ھەمدە قەبرىسى تارايتىلىدۇ ، ئاخىرى ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر–بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى دوزاخ ئورەكلىرىدىن بىر ئورەككە ئوخشاش بولىدۇ . ئۇنىڭغا دوزاختا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھارارىتى ۋە ئازابى كىلىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭغا : " ئاللاھ تاكى سىنى ئۇنىڭغا تىرىلدۈرگىچە مۇشۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولىدۇ ." دېيىلىدۇ . ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا : " ئەگەر ئاللاھ سىنى يېتەكلىگەن بولسا ، مۇشۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى ." دېيىلىدۇ .

بۇنىڭدىن بىز قەبرىنىڭ يا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا ، يا دوزاخ ئورەكلىرىدىن بىر ئورەكلىكىنى بىلىۋالىمىز .

ئەمدى سۇغا غەرىق بولۇش ، كۆيدۈرۈلۈش ، ياكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يىيىشى بىلەن ئۆلگەنلەرگە كەلسەك ، ئۇلارنىڭ روھلىرى ئازاپ ياكى نىئمەتدىن ئۈلۈشى بار . ھەمدە روھلار ئۇلارنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ، دېڭىزدىكى ياكى ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىكى جەسەتلىرىگە ئاللاھنىڭ خالىغىنىچە كىلىدۇ . بىراق ئازاپ ياكى نىئمەتنىڭ كۆپىنچىسى قىپقالغان روھىغا بولىدۇ ، مەيلى نىيمەت ئىچىدە بولسۇن ، ياكى ئازاپ ئىچىدە بولسۇن ، مۇئمىننىڭ روھى جەننەتكە كېتىدۇ . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : مۇئمىننىڭ روھى بىر قۇش بولۇپ ، جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە ئىسىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مىۋىلىرىنى يەيدۇ ، كاپىرنىڭ روھى دوزاختا كېتىدۇ .

ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايال ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) خەۋەر قىلغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشى ، ھەمدە ئۇ ھەقتە ئاللاھ ئىرادە قىلغان رەۋىشتە ئىشىنىشى كىرەك . گەرچە بىر قىسىم مەنىلەر ئۇنىڭغا يۇشۇرۇن بولسىمۇ . ئاللاھ مۇكەممەل ھىكمەتكە ئىگە . ئاللاھ پاك !

[ يىتۈك ئالىم پېشىۋا ئابدۇل ئەزىز بىن ئابدۇللاھ بىن باز نىڭ تۈرلۈك ماقالىلەر ۋە فەتىۋالار توپلىمى كىتابى ، 338–ب ]